

# شانلىق مۇۋەپپەقىيەت، پارلاق كېلەچەك

## يېقىندىن گۈللەنگەن كارخانىلار ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشقا بەس - بەستە تۆھپە قوشماقتا

خوتەن شەھەرلىك ئىپەك يىلىمى زاۋۇتى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش ۋاڭ لېچۈەننىڭ بىۋاسىتە غەمخورلۇقى ئاستىدا قۇرۇلغان «ئاپتونوم رايوننىڭ ئۈچقۇن تېخنىكا تەرەققىيات تۈرى»دىكى زاۋۇت. بۇ زاۋۇت 1993 - يىلى 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ يىل 3 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە سىناق تەرىقىسىدە جەمئىي 22 توننا ئىپەك يىلىمى ئىشلەپچىقىرىپ، 1 مىليون 360 مىڭ يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى، 580 مىڭ يۈەنلىك ئومۇمىي پايدا ياراتتى.

بۇ زاۋۇت ئىشلەپچىقارغان ئىپەك يىلىمىنىڭ تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلىرى جۇڭگو دورىگەرلىك قامۇسىدا بەلگىلەنگەن تەلەپلەرگە ئۇيغۇن بولدى، بەزى كۆرسەتكۈچلەر شەندۇڭ «دۇڭئې» ئىپەك يىلىمى زاۋۇتى بەلگىلىگەن ئىچكى جەھەتتە كونترول قىلىش كۆرسەتكۈچىگە يەتتى ياكى ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتتى، سۈپىتى ئەلا سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنىڭ ئۆلچىمىگە يەتتى.

ئۇسكۈنىلەردىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، پەسىل خاراكتېرلىك ئىشلەپچىقىرىش يىل بويى ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆزگەرتىلدى. بۇ زاۋۇت يۇرۇشلەشكەن ئىپەك يىلىمى مەھسۇلاتلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بەزى مەھسۇلاتلارنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىشلەپچىقىرىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

خوتەن شەھەرلىك مېۋە مەھسۇلاتى، ئىچىملىك باش شىركىتى ئۆرۈك شىرنىسى ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىپ، ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، يۇرۇشلەشتۈرۈپ راۋاجلاندۇرىدىغان مېۋە مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى بولۇپ، 1992 - يىلى 9 - ئايدا پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن بۇيان 200 نەچچە توننا مېۋە شىرنىسى ئىشلەپچىقاردى، مەھسۇلاتى ئەسلىدىكى بىر خىلدىن تەرەققىي قىلىپ، 10 نەچچە خىلغا يەتتى.

بۇ شىركەت خوتەن، ئۈرۈمچى، چېڭدۇ، گۇاڭجۇ قاتارلىق جايلاردا سېتىش ئورنى تەسىس قىلدى. 1994 - يىلى 450 توننا تۈرلۈك مېۋە شىرنىسى ئىشلەپچىقىرىپ، 4 مىليون 500 مىڭ يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى، 200 مىڭ يۈەنلىك پايدىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى پىلانلىدى.

خوتەن شەھەرلىك ھۈنەر - سەنئەت شىركىتى 1989 - يىلى 10 - ئايدا قۇرۇلغان بولۇپ، شۇ چاغدىكى تۇراقسىز مەبلىغى 30 مىڭ يۈەنگىمۇ يەتمەيتتى. ئاران تۆت دانە تىجارەت پونكىتى بار ئىدى، يىللىق سېتىش سوممىسى 50 مىڭ يۈەنگىمۇ يەتمەيتتى. 1991 - يىلى «قاشتېشى بۇيۇملىرى ئاساسىي ھۇجۇم نىشانى قىلىنىپ، بۇنىڭغا ئالاقىدار كەسىپلەرنى ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش» تىن ئىبارەت ستراتېگىيىلىك فاڭجېن بېكىتىلىپ، شىركەت كۈنسايىن يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

ئۆتكەن يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، شىركەتنىڭ تۇراقلىق مەبلىغى 1 مىليون يۈەندىن، يىللىق سېتىش سوممىسى 1 مىليون 200 مىڭ يۈەندىن، پايدىسى 100 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ، قاشتېشى بۇيۇملىرىنى پارچە سېتىشنى باشلامچى، قاشتېشى بۇيۇملىرىنى لايىھىلەش، ئىشلەپچىقىرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش، ئاپتوموبىل رېمونت قىلىش، ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى، ئاپتوموبىل ترانسپورتىنى قوشۇمچە قىلىشنى تەڭ ئېلىپ بېرىشنىڭ تىجارەت قېلىپىنى شەكىللەندۇرۇپ، سۈپەت جەھەتتە سەكرەشنى ئىشقا ئاشۇردى.

بۇ يىل يەنە شەھەرلىك ھۈنەر - سەنئەت شىركىتى ئاساسىدا شەھەرلىك ساياھەت شىركىتى تەشكىل قىلىنىپ، قاشتېشى

## سودا ئىشلىرى گۈللەپ ياشنىماقتا



خوتەن شەھىرى تارىختا غەربىي دىياردىكى 36 بەگلىك ئىچىدىكى داڭلىق بەگلىك ۋە يىپەك يولىدىكى مۇھىم بازار ئىدى. ئۇزاق تارىختىن بېرى بۇ يەردە سودا ئىشلىرى ئۈزۈلمەي كەلگەن. بۈگۈنكى خوتەن خەلقى سودا ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن گۈللەندۈرۈشنىڭ ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ تونۇپ يەتتى.

شەھەر قۇرۇلغان 10 يىلدىن بۇيان، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئورۇنلىرى

چەكلەپ، بىر قەدەر يۇقىرى ئابرويغا ئېرىشتى. «شەرق شاملى» سودا سارىيى خېرىدار سانى ۋە كۈنلۈك تىجارەت سوممىسى جەھەتتە شەھەر بويىچە ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان سودا سارىيىغا ئايلاندى. بۇ ساراي ھەر يىلى دۆلەتكە 600 مىڭ يۈەندىن يۇقىرى باج - پايدا تاپشۇرىدۇ. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى سودا سارايلىرى كەسكىن بازار رىقابىتىدە، ئىسلاھات سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىچكى

خوتەن شەھەرلىك مەركىزىي سودا بازىرى شىنجاڭ بويىچە 2چوڭ سودا بازىرى بولۇپ، كۈنلۈك سودا سېتىق سوممىسى 30 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ.

كىشىگە يېتىپ، 1984 - يىلدىكىدىن 50% كۆپەيدى؛ 1984 - يىلى ھەر بىر يەككە تىجارەتچى ئائىلىنىڭ تىزىملاتقان ئوتتۇرىچە مەبلىغى 560 يۈەن بولغان بولسا، ھازىرقى ئوتتۇرىچە مەبلىغى 4000 يۈەندىن ئېشىپ،



